شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 11 - ئاي

26

سەيشەنبە

维吾尔文 11 月26日

新疆日报网: www.xjdaily.com
شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57    ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com    24891 - سان    بۈگۈن 4 بەت

# شى جىنپىڭ بىرلىككە كەلگەن رۇسىيە پارتىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي جيې)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خەلق سارىيىدا پارتىيە ئالىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى گىرىزلوۋ باشچىلىقىدىكى رۇسىيە بىرلىككە كەلگەن رۇسىيە پارتىيەسى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ بىرلىككە كەلگەن رۇسىيە پارتىيەسىنىڭ 19 - قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى غەلىبىلىك ئۆتكۈزگەنلىكىنى تەبرىكلىدى، گىرىزلوۋنىڭ ئۆمەك باشلاپ جۇڭگوغا كېلىپ جۇڭگو - رۇسىيە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەلىرى سۆزلىشىش مېخانىزمى 7 - قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشقانلىقىنى قارشى ئالدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل جۇڭگو - رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقى، مەن پۇتىن زۇڭتۇڭ بىلەن جۇڭگو - رۇسىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستىراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق جاكارلاپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

دوكلات باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىشەنچىمىز بار

# زاۋۇت سېخىدا، نامراتلىق بىلەن خوشلىشىش

—— ئېغىر نامرات ناھىيەلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدىن كەلگەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش (7)

**□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى بەي جيېۋ، خې لىڭ، جاۋ چۈنخۇا، ئازات يۈسۈپجان، لۈ يىخەن، تاۋ جىخاۋ**

قەشقەر شەھىرى، مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن قەدىمىي يىپەك يولىدىكى بۇ مۇھىم بازار بۈگۈنكى كۈندە يېڭى بىلەن كونىنىڭ ئالمىشىشى، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ تىركىشىشىگە دۇچ كەلمەكتە.

تېز رىتىملىق زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئىدىيەسى بارغانسېرى قانائەت قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيەگە غايەت زور زەربە ئېلىپ كەلدى، كىشىلەر چىگىش روھىي ھالەت بىلەن كەتمەننى تاشلاپ، يېڭىچە سېخلارغا كىردى.

خۇشاللىنارلىقى شۇكى، قەشقەر شەھىرىگە ئەڭ ماس كېلىشى مۇمكىن بولغان كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىن ئىبارەت بۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋاستىسى ئۈنۈمگە قاتناشقان ھەربىر كىشىنىڭ قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى شېنجېن كەسىپلەر باغچىسىدا، ھۆكۈمەت، كارخانا ۋە ھەربىر ئەمگەكچىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن ئەڭ جانلىق ئىزاھات يېزىلدى.

■ **شەخسكە يۈزلىنىپ، كۆرەش ۋە ئارزۇنى تەسۋىرلەش**

ئەۋلادمۇئەۋلاد تايىنىپ ياشاپ كەلگەن ئېتىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، 40 ياشلىق غەيرەت مەممەت بىر يېپىيېڭى ساھەدە ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇردى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى شېنجېن كەسىپلەر باغچىسىدىكى شىنجاڭ سىچۇاڭ ئېلېكترون پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، غەيرەت ئۆزى مەسئۇل بولغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەشغۇلات ئەھۋالىنى تەكشۈرگەچ، مەسىلىگە يولۇققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مەشغۇلات قائىدىسى ۋە مەشغۇلات ماھارىتىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى، تۇرقىدىن «مۇتەخەسسىس»لەرچە سالاپەت چىقىپ تۇراتتى.

غەيرەت قەشقەر شەھىرىنىڭ يېڭىئۆستەڭ يېزىسى توقايئېرىق كەنتىدىكى نامرات ئائىلە ئىدى. ئائىلىسىدىكى ئالتە جان كىشى 13 مو يەرگە بۇغداي ۋە كېۋەز تېرىيتتى، خوتۇنى ھەر ئايدا بازارغا بېرىپ كىيىم - كېچەك سودىسى قىلىپ تاپقان پۇلنى قوشقاندا، گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

【ئاخبارات تېز سىزمىسى】



قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونىنىڭ شېنجېن كەسىپلەر باغچىسىدا رىتىمى جىددىي ئاقما لىنىيەلەر تۇرۇكۈم - تۇرۇكۈم پىشقان سانائەت ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتتى، شۇنداقلا نۇرغۇن ئۈمىد ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، قەشقەر شەھىرىنىڭ پاختەكلى يېزىسى پاختەكلى كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ئالىمنىسا ئەنۋەر شېنجېن كەسىپلەر باغچىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ چياۋدېڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا ئالدىراش ئىشلىمەكتە، ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ كەلگۈسىدە قەشقەر شەھىرىدىن بىر يۈرۈش يېڭى ئۆي سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن.

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى لى جېننەن سىزغان

## ئۆزگەرگىنى يالغۇز بىر ئادەملا ئەمەس

**□ جاۋ چۈنخۇا**

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خاتىرىسى

قەشقەر ئىقتىساد تەرەققىيات رايونى شېنجېن كەسىپلەر باغچىسىدا، ھەم ھەركۈنى سەھەردە يۈزلىگەن يولۇچىلار ئاپتوموبىلىنىڭ يېزا - كەنتلەردىن زاۋۇتلارغا ماڭغان ھەيۋەتلىك مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ھەم ئاقما لىنىيەلەرنىڭ ئارقىسىدىكى ئۇن - تىنسىز نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇمىدىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ھاياجانلىنىش بىلەن تەسىرلىنىش گىرەلىشىپ كەتتى، بۇ بەلكىم بۇ مەيدان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ھەربىر كىشىگە ئېلىپ كەلگەن زىلزىلىسى بولسا كېرەك.

شىنجاڭ مېيلىئاۋ كىيىم - كېچەك چەكلىك شىركىتىنىڭ ئايال ئىشچىسى نۇرگۈل ئەنۋەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئائىلىسىدىن چىقىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئالتاي شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قار تېيىلىش مەشقى قىلماقتا. قار - مۇز تەنھەرىكىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 2018 - يىلدىن باشلاپ، ئالتاي شەھىرى پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قار تېيىلىش دەرسى تەسىس قىلىپ، تەنتەربىيە دەرسىنى قار تېيىلىش مەيدانىدا ئۆتۈلىدىغان قىلدى. □ جاڭ شيۈكي فوتوسى

تەنتەربىيە دەرسى قار تېيىلىش مەيدانىدا ئۆتۈلدى

شىنجاڭ ياخشى جاي

# شى جىنپىڭ جۇڭگو - ياپونىيە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئادىمىيەت ئالاقىسى كېڭىشىش مېخانىزمى تۇنجى قېتىملىق يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراممىسى** 11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە ياپونىيە باش ۋەزىرى ئەنبېي جىنسەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا خەت ئەۋەتىپ جۇڭگو - ياپونىيە يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئادىمىيەت ئالاقىسى كېڭىشىش مېخانىزمى تۇنجى قېتىملىق يىغىنىنىڭ دۇڭجىڭدا ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو، ياپونىيە ئىككى دۆلەتنى بىرلا سۇ ئايرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، تارىخىي ئادىمىيەت مەنبەسى چوڭقۇر. 2000 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان ئۇزاق مەزگىللىك ئالاقىلىشىش جەريانىدا، ئىككى دۆلەت خەلقى ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا ئاسىيا مەدەنىيلىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسىگە ئاتلىنىشى مەدەنىيەتنىڭ كۈچىدىن ئايرىلالمايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقى چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، دەۋر ئېقىنىغا ئەگىشىپ، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پۈتۈشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھازىر جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. جۇڭگو - ياپونىيە ئىككى تەرەپنىڭ بۇ بىر مېخانىزمدىن ئورتاق ياخشى پايدىلىنىپ، ئادىمىيەت ئالاقىسىگە تۈرتكە بولۇپ، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى دەۋر تەلپىگە ماس كېلىدىغان جۇڭگو - ياپونىيە مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى ئادىمىيەت تىرىكى بىلەن تەمىنلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

16 مىليون 320 مىڭ مو ئورمانلىق تەبىئىي ئېكولوگىيەسىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

# ئۈرۈمچىدىكى ئوتلاقلارنىڭ كۆركەملىك دەرىجىسى بارغانسېرى ئۆستى

**مۇخبىرلىرىمىز سۇ لۈپىڭ، چاۋ جىن، يۈ مېڭرەننىڭ** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى (باغ - ئورمانچىلىق باشقۇرۇش ئىدارىسى)دىن ئىگىلىشىچە، شەھەر ئەتراپىدىكى ئوتلاقلاردا چارۋا بېقىشنى مەنئى قىلىش، تەبىئىي ئوتلاقلاردا چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش، ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ياردەم پۇلى بېرىش، مۇكاپاتلاش مېخانىزمى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئوتلاق ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ھەمدە ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇش ئارقىلىق، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن. نۆۋەتتە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى 16 مىليون 320 مىڭ مو ئوتلاق تەبىئىي ئېكولوگىيەسىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن.

ئۈرۈمچىدىكى يازدا سالقىنداش، ئەتىياز، كۈزدە مەنزىرىدىن ھوزۇرلىنىش، قىشتا قار تېيىلىشتىكى ياخشى مەنزىلگاھ تىلغا ئېلىنغاندا، كۆپ ساندىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى نەنسەننى ئويلايدۇ. نەنسەننىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئوتلاق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداشتىن ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن كەلگەن.

ئىلگىرىكى يىللاردا، ئۇزاق مەزگىل نورمىدىن ئارتۇق چارۋا بېقىش، قالايمىقان قېزىش، قالايمىقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن، ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى ئوتلاقلارنىڭ چېكىنىش، قۇملىشىش ۋەزىيىتى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ئوتلاق ئېكولوگىيە سىستېمىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، سۇ - تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى ئېغىرلىشىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋا سۈپىتىگە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، يەنە شەھەرنىڭ رايون خاراكتېرلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# شىنجاڭنىڭ مېۋىلىرى «بىر بەلباغ، بىر يول» ئارقىلىق چەت ئەللەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بازارلىرىدا بازار تاپتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر سۈن شاۋشيۇڭ)** شىنجاڭنىڭ مېۋىلىرى دۆلەت دەرۋازىسىدىن چىقىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» شەرق شاملىنىڭ ياردىمى بىلەن ئوتتۇرا شەرق، ياۋروپا قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تاماق ئۈستىلىگە چىقماقتا. مۇخبىرنىڭ ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن چىقىدىغان ئەلا سۈپەتلىك مېۋىلەر ھازىر ئوتتۇرا شەرق، ياۋروپا قاتارلىق جايلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بازارلاردا ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغان، 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، سانجىدىن ئېكسپورت قىلىنغان مېۋە جەمئىي 2035.73 توننا بولۇپ، ئېكسپورت سوممىسى 5 مىليون دوللاردىن ئاشقان.

شىنجاڭ داڭلىق «مېۋە - چېۋە ماكانى»، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى يېتەرلىك بولغانلىقتىن بۇ جاينىڭ مېۋىلىرى شىرنىلىك، تاتلىق بولۇشتەك ئېسىل سۈپەتنى ھازىرلىغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# بايىنغولىن ئوبلاستى، قومۇل شەھىرى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈردى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش

**□ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ليۇ ۋېنخۇا، خاۋ جىڭ**

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، يەنجى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا ۋاقتىدا، مەكتەپ رادىيوسىدا ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشتا كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ئاڭلىتىلدى، ساۋاقداشلار يەنە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تەشۋىقات قوللانمىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ پەقەت بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش بىلىملىرى بويىچە چوڭ لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇرغانلىقىنىڭ بىر جانلىق كۆرۈنۈشى ئىدى.

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، بايىنغولىن ئوبلاستى، قومۇل شەھىرى قاتارلىق جايلار «3 + 3 + 1» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى قىلىپ، پەرقلەرنى توغرا تېپىپ، تۈزىتىشنى تۇتۇپ، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق داۋالاش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى

新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP